## 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# يېڭى دەۋردىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى زىممىمىزگە ئالىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى ئۆزىنىڭ خىزمەت كەچۈرمىشى ۋە تەسىراتىغا بىرلەشتۈرۈلگەن، ھەم تەسىرلىك، ھەم چوڭقۇر، ھەم دەل جايىغا تەگكۈزۈلگەن، ھەم سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، بىزنى بىر قېتىملىق ئىدىيەۋى تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.» ئوتتۇرا قىسىم رايونىدىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: «ياش كادىرلار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك» دېگەن بۇ باش تېما دەل جايىدا، ئىنتايىن ئېنىق بولدى. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىمىزگە تەتبىقلاپ، مەسىلىگە ئەگىشىپ مېڭىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئاتلىنىپ، ئەمەلىيەتنىڭ چوڭ پېچىدا ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىمىز، ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشىمىز كېرەك.

كادىرلارنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىدىكى زۆرۈر بولغان تۈرلۈك ئىقتىدارلار ئىچىدە، سىياسىي ئىقتىدار بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

«قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان سىياسىي ئىقتىدار بولغاندىلا، ئاندىن ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىغىلى بولىدۇ.» مەركەز ۋە دۆلەت ئورگىنىدىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: ھازىرقى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەق ئالدىدا كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيەمىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللىرىدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەرى.

«باش شۇجى ياش كادىرلاردىن چوقۇم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشنى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، بۇ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى.» مەركەز ۋە دۆلەت ئورگىنىدىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان «ئەڭ دەسلەپكى بىر كىلومېتىر»، ئەگەر ئەمەلىي ئەھۋالنى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ پىشانىگە ئۇرۇپلا سىياسەت چىقىرىلسا، دەسلەپتىكى كىچىككىنە سەۋەنلىكتىن ئاخىرىدا ناھايىتى چوڭ خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. چوقۇم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

«ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشنى بىلىش ـ بىلمەسلىك خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.» شەرقىي قىسىم رايونىدىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: ھازىر بەزى رايونلاردىكى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىدىن يەنىلا يىراق. ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يىراقنى كۆرۈپ، چوڭقۇر ئويلاپ، كۆپرەك قاتتىق باش قاتۇرۇپ، چوڭ ھېسابات قىلىپ، يەرلىك خىزمەتلەرنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ھەم بىر رايونغا شەرەپ كەلتۈرۈش، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتۈن ۋەزىيەتكە شان ـ شەرەپ قوشۇش كېرەك.

«ئىسلاھاتچىلارلا ئىلگىرىلەيدۇ، يېڭىلىق ياراتقۇچىلارلا قۇدرەت تاپىدۇ، ئىسلاھاتچىلار، يېڭىلىق ياراتقۇچىلارلا غەلىبە قىلىدۇ، ياش كادىرلارنىڭ ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى ئىنتايىن زۆرۈر.» مەركەز كارخانىسىدىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: مەركەز كارخانىلىرى خەلق ئىگىلىكىدىكى مۇھىم تايانچ ۋە تايانچ كۈچ بولۇپ، ھازىر يەنە كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. قانچە مۈشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش ئىرادىسى بىلەن، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

«خۇبېيدىن كەلگەن كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز بۇ يىل يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار ئېغىر، زور سىناقلارنى باشتىن كەچۈردۇق، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.» خۇبېيدىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، كۈندىلىك خىزمەتلەردە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھەل قىلغۇچ قەدەمنى ياخشى تاشلاپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا ھەر ۋاقىت تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىش كېرەك.

ئاممىۋى لۇشيەن پارتىيەمىزنىڭ جان تومۇرى ۋە تۈپ خىزمەت لۇشيەنى.

«ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش، ئامما خىزمىتىنى ئىشلەش ھەم كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىسلىتى، شۇنداقلا كادىرلارنىڭ ئىقتىدارىغا قويۇلغان تەلەپ.» ئاممىۋى تەشكىلاتتىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: ئاممىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئاممىنى ھۆرمەتلەپ چوڭ بىلىپ، ئاممىنى سۆيۈپ دوست تۇتۇپ، ئاممىنى قەدىرلەپ ئەلا بىلىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى سەممىي چۈشىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەمچى بولغان، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش كېرەك.

ئورۇنلاشتۇرۇش بىر ئۆلۈش بولسا، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توققۇز ئۆلۈش بولىدۇ، بارلىق گۈزەل ئۇلۇغۋار پىلانىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي ئىشلەشكە تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

«ئىش قىلغاندا شەكىل ئۈچۈنلا قىلىشقا بولمايدۇ، جەزمەن پۇختا، ئەستايىدىل ئىشلەش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك.» مەركەز ۋە دۆلەت ئورگىنىدىن كەلگەن بىر كۇرسانت مۇنداق دېدى: ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن بىر بولقا بىر بولقىدىن ئۇلاپ قېقىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ ياخشى ھالدا ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشۇش كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئەركىنجان تۇراخۇن خۇبېي ئۆلكىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقى، ئالماشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيى ۋاڭ جۈنجېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، خۇبېي ئۆلكىسى ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

شۆھرەت زاكىر سۆھبەت يىغىنىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، خۇبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىگە كىرگۈزۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، چىن ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ، تولۇپ تاشقان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن خۇبېينىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش دوستلۇق كۆۋرۈكى ۋە رىشتىسىنى بەرپا قىلىپ، خۇبېينىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتا، بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، سۇبيېكتلىق رولىمىزنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، خۇبېي ئۆلكىسى بىلەن بولغان ئۇدۇللىشىش، ئالاقىلىشىشنى پائال كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت كاپالىتىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىلىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. تېخىمۇ ئەمەلىيەتچىل روھ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىر ئارقىلىق، ئىككى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلام، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىككى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ھەمكارلىقىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ئەركىنجان تۇراخۇن خۇبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت ھەم بىڭتۇەننىڭ خۇبېينىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، خۇبېي خەلقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خۇبېيغا تاپشۇرغان مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە، خۇبېينىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان سىياسىي مەسئۇلىيىتى. خۇبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە ئەزەلدىن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، گەرچە بۇ يىل يۇقۇم ۋە كەلكۈن گىرەلىشىپ كېلىشتەك تەسىرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سالمىقىنىڭ كېمەيمەسلىكىگە، ئۆلچىمىنىڭ تۆۋەنلىمەسلىكىگە قەتئىي تۈردە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى قارار قىلدى. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەت، بۇرچ ۋە چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، ئىنچىكە ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن خۇبېي تۆھپىسىنى قوشىمىز.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، خۇبېي ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بىڭتۇەن 5 ـ شىسى قوشئۆگۈز شەھىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، خۇبېيدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياۋ شىنمىن ئالاقىدار پائالىيەتكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇساپە قانچە ئۇلۇغ بولغانسېرى، يول باشلىغۇچى كۈچكە شۇنچە موھتاج بولىمىز. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى پىلانلاپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ھەقىقىي تۈردە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئەجرى مۇجەسسەملەنگەن. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تامامەن توغرا، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

بايراق يۆنىلىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بايراق كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيدۇ. بىز 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىگىلەپ، باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا كەڭ تارقىتىشىمىز كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىنىپ، ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەنگەن، ۋەزىيەت چوڭقۇر كۆزىتىلىپ، پۈتۈن ۋەزىيەت بىرتۇتاش ئىگىلەنگەن، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيەمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش نەزەرىيەسىنىڭ جەۋھىرى ۋە يۈكسىلىشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭ خىزمىتىنى چىڭىش، مۇرەككەپ شارائىتتا توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشقا، زىددىيەت، خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىدە شىنجاڭ دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتكە بولغان چوڭقۇر كۆزىتىش، پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە بولغان چوڭقۇر تەپەككۇر، شىنجاڭ خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىگە بولغان چوڭقۇر ـ ئۇزاق پىلان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان سەممىي غەمخورلۇق، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان ئىلمىي يېتەكچىلىك تولۇق نامايان قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

يېڭى دەۋر، يېڭى بۇرچ، يېڭى مۇساپە، يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىق. بىز 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىپ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تەرەققىيات داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەشتە ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق؛ ئۇلۇغۋار ئىشلار ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدۇ. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى، چەكسىز روھلاندۇردى، بىز مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالىتىمىز ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتىمىز بىلەن، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتەيلى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)